# ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ تارىخلىرى

ئەك شەمس (گېرمانىيە)

ئېلكىتاب تۈزگۈچى ھونزادە

## ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ تارىخلىرى

تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپا ـ ئاسىيا مىللەتلىرى ھەتتا مۇڭغۇللارمۇ ھۇنلارغا ئوخشاش ۋەھشىي، جەسۇر، تەڭداشسىز جەڭچى دېگەنگە ئوخشاش مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئاتالغان ئەمەس. خۇددى گېرمانلاردىكى ۋاندالىدىلاردەك بىزگە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان) Vadalism ۋەھشىيلىك) دېگەنگە بىر ئاتالغۇ قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. «ھۇن» دېگەن بۇ ئىسىم «ۋەھشىي، رەھىمسىز، شەپقەتسىز دۈشمەنلەرنى تەسۋىرلەيدىغان مەنىستمەس سۆزى بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى «خۇدانىڭ قامچىسى» ئاتتىلا رىۋايەتلەردىكى ھەددىدىن زىيادە قوپال، رەھىمسىز ھەم ۋەھشىي رەھبەرلەرنىڭ تىپى بولۇپ، قالغان.
بۇ يەردە غەرب ئەللىرىدە ھۇنلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئوي ـ خىياللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى سەۋەبلەر بار. بىرىنچىدىن، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ غەرب دۇنياسىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سېلىپ، ئوتتۇرا ياۋروپا ـ ئاسىياغا تۈنجى تۈركۈمدە بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلاردۇر.

ئىككىنچىدىن، ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرگەن ۋاقتى دەل رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئوتتۇرلىرىدا ئېغىر پاراكەندىچىلىك سادىر بولۇپ، ئۆز ئارا رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنىدى.

ھۇنلارنىڭ داڭقىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاغىچە داۋاملاشقانلىقىنىڭ سەۋەبى ـ ئەينى ۋاقىتلاردىكى مۇئەللىپلەر ئۇلارنى ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا قالتىس تەسۋىرلىۋەتكەن. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئۇلارنىڭ بىۋاستە ھەرىكىتىدىن سادىر بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خەلقنى پاراكەندىچىلىك توغدۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش ۋاستىسىنى قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان، شۇڭا گېرمان تىلىدا ئۇلارنى «Volkerwanderung» («كۆچمەن مىللەت») دەپ ئاتىغان.

ھۇنلارنىڭ ئىسمىنىڭ يۇنانچە شەكلى مىلادى II ئەسىردە ياشىغان يۇناننىڭ بۈيۈك جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمىينىڭ ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. مىلادى IV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ھونلار ئاندىن شەرقىي ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنىسىگە كومىدىيىلىك ھالدا كىرىپ كەلگەن. ئەينى چاغدىكى مۇئەللىپلەر

ھونلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىگە ئىنتايىن قىزىققان. بۇنىڭغا دائىر ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئاممىئنوس مارسېللىنۇس (تەخمىنەن مىلادى 332 ـ يىلىدىن 400 ـ يىللار) ئوتتۇرىغا قويغان ئەستايىدىل جاۋابتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھۇنلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەت قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردە كىشىلەرگە ئانچە مەلۇم ئەمەس»، «ئۇلار مائىئوتىك (ئازوۋ دېڭىزى) بويلىرىدىكى ساسلىقلارغا جايلاشقان. مۇز قاپلىغان دېڭىزلارنىڭ يېنىدا ياشايدىغان بۇ مىللەت رەھىمسىزلىكتە ھەرقانداق مىللەتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ». ئۇ ھۇنلارنىڭ «مۇز قاپلىغان دېڭىز ياقىسىدىن كەلگەن» لىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە تارىخشۇناسلار ئۇلارنى تامامەن «مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ سىرتىدىن كەلگەنلەر» دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى ئەمەلىيەتتە، ئۇلار «قاراڭغۇلۇقنىڭ سىرتى» غا كىرگەن بولۇپ، ئەپسانىۋى جۇغراپىيىدە «سۇغۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق» ھەمىشە باغلىنىشپ كەتكەن بولىدۇ.

ئاممىئنوس مارسېللىنۇسنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان تەسۋىرى جوردانېسنىڭ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئانچە ئېرىشەلمىگەن مۇرەككەپ مەلۇماتىغا سېلىشتۇرغاندا

خېلى مۇۋاپىق بولغان، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە
«ئىسكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن ئىسكىفىيە رايونىغا
كىرگەن گوتلارنىڭ پادىشاھى فىلىمېر ئۆز خەلقى ئىچىدە
بەزى پېرىخون ئايالالرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ
تىلى بىلەن ئېيتقاندا «Haliurunnae» نى بايقىغان، ئۇ
ئايالالردىن گۇمانالنغانلىقى ئۈچۈن ئۇالرنى ئۆز
قەبىلىسىدىن قوغالپ چىقارغان ھەم ئۇالرنى ئۆز
قوشۇنىدىن ئايرىلىپ يىراق جايالرغا كېتىپ، يەككە
يىگانە ھالدا سەرگەردان بولۇپ كېتىشكە
مەجبۇرلىغان. بۇ پېرىخون ئايالالر كەڭ داالدا گاڭگىراپ
يۈرگەندە، بەزى ناپاك خەلق ئۇالرنى ئۆزلىرىگە
قوشۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە
ساسلىقالردا ماكانالشقان مۇشۇ ياۋايى قەبىلە پەيدا
بولغان. ئۇالر بويى پاكار، پاسكىنا ھەم ئاجىز بىر ئىرق
بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتى يوق دىيەرلىك، تىلى يوق،
لېكىن ئادەملەرگە ئوخشاش ئاززاق ئاۋاز چىقىراالليدۇ«.
كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان، ئەمما تېخى
ئىسپاتالنمىغان بىر يەكۈندە ئېيتىلىشىچە: ياۋرۇپا
ھۇنلىرى ھۇنالرنى ئەۋالدىدۇر. بىز ئەقەللىسى بىر
يازما ھۆججەتتە (11 ـ بابتا) ياۋروپالىقالر «ھۇن» دېگەن

ئاتالغۇنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ پاكىت كۇچلۇك دەلىل ئىسپا ئورنىدا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن هونلار ياكى ئىسكىفلارنى ئاتاشتا ئانچە توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، هۇن ئىمپېرىيىسى مىلادى 48- يىلى پارچىلانغان. شىمالىي هونلار مىلادى 155- يىلى سىيانپىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان، جەنۇبىي هونلار تارىخنى مىلادى IV ئەسىرگىچە سۇرۇشتۇرۇشكە بولىسمۇ، لېكىن هۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىگە دائىر هېچقانداق ئىسپات يوق. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كۆچىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇقۇۋېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر بىز ياۋرۇپا هۇنلىرى بىلەن هۇنلارنى ئوخشاش بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلساق، ئۇ چاغدا شىمالىي هۇنلارنىڭ مۇڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە يوقاپ كېتىشى بىلەن هۇنلارنىڭ ياۋرۇپا ئۇپۇق سىزىقىدا پەيدا بولۇشىغا قەدەر بولغان توپتۇغرا ئىككى ئەسىر خاتىرىلەنمىگەن. يىللار ئارىسىدا ئۇلۇشۇپ كېلىدىغان بىر كۇنىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يەڭگىللىك بىلەن هېچقانداق ئەهمىيىتى يوق بولمىغان بىرلىككە كەلگەن يەكۇن چىقىرىشتىن ساقلىنىش بىر قەدەر مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ.

ھۇنلارنىڭ گېرمانىيەنىڭ شەرقىي گوت ئىمپېرىيىسىگە
قىلغان جازا يۈرۈشى مىلادى 370 ـ يىللار ئەتراپىدا
باشلانغان. بۇ قۇدرەتلىك گېرمانلار دۆلىتىنىڭ زېمىن
چېگرىسى دون دەرياسىدىن دېنېپىر دەرياسى
ساھىلىگىچە، قارا دېڭىز ياقىسىدىن يىراق شىمالدىكى
پرىپېت ساسلىق يەرلىرىدىن جەنۇبىي روسىيە
يايلاقلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزى
تۈپەيلىدىن شەرقىي گوتلار، يەنى ئوسچو گوتلار يەنى
ۋىلېسى گوتلار تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ، ۋىزانتىيە
چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈرۈش
شەكلى ئېنىق ۋە مۇقىم بولمىغان. نەچچە ئون يىل
جەريانىدا ھونلار گۇتلار بىلەن ھېچقانداق سىياسىي
مەقسەتتە بىر ـ بىرىگە جازا يۈرۈشى قىلمىغان ياكى
شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇرۇشمىغان. باننونىيە
ئۆلكىسى (ھازىرقى ۋېنگىرىيىكى ترانسىدائوبىيە
ئۆلكىسى» دىكى رىم قوشۇنى تۇرغان گازارمىدا ھۇنلاردىن
قالغان ئىزلار بايقالدى. بىزگە مەلۇمكى، مىلادى 408 ـ
يىلى گىنىويە خان ئوردىسى 300 نەپەر ھۇنلاردىن
تەشكىل تاپقان خىللانغان قوشۇن ياللىغان. ھۇنلارنىڭ
چىرايىدا جەڭ قىلىش جەھەتتە گوتلار بىلەن

ئوخشاشمايدىغان جايلىرىمۇ بار. لېكىن هونلار قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغىدەك كۈچلۈك قوماندان يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا كۆپ قىسىم هونلار دوت دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 412 ـ تارىخشۇناس ئولىمپىدورۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىزانتىيە خارجى ئەلچىلەر ئۆمىكى قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغان، هۇنلارنىڭ مەزكۇر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنىڭ هونلار باشلىقى دۇنا تۇسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى مىسال قىلىپ تىلغا ئالغانلىقى ئىنتايىن قىزىقارلىق. كىشىلەرنىڭ ئوڭايلىقچە ئونتۇپ قالدىغىنى شۇكى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە مۇڭغۇللار دەۋرىدە غەربىتىلا ئەمەس، هەتتا جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدىمۇ «مەدەنىيەتلىك دۇنيا» مەۋجۇت ئىدى. قوشۇن ئۈچۈن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئىزدەش جەهەتتە ئوتتۇرا ئاسىياۋە پىرسىيە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بالقان رايونىغا ئوخشاش جەلپ قىلىش كۈچىگە بار ئىدى هەم يېقىنلىششقا قولاي. تەخمىنەن مىلادى 420 ـ يىلى بارسىك ۋە كۇرسكلار يېتەكچىلىكىدىكى چوڭ بىر هونلار قوشۇنى كافكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ پىرسىيىگە تۇيۇقسىز

ھۇجۇم قىلغان. ئۇ يەردە ئۇلار پېرسىيىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئۇچۇن نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىمەتلىرى ۋە تەخمىنەن 18 مىڭ ئەسىرنى قالدۇرۇپ، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىملىق تاجاۋۇزنى ھونلار مەملىكەت ئىچىدە سادىر بولغان ئېغىر ئاپەتتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان. ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋىزانتىيە ئۆلكىسىگە قىلغان تاجاۋۇزنى ئەينى چاغلاردا بىلخېمدا تۇرۇشلۇق (لاتىن يېزىقىدىكى ئۆلچەملىك «ئىنجىل» نى تۈزگەن كىشى) سان جېرۇم جانلىق تەسۋىرلەپ يازغان: «ھونلار پۈتۈن دۇنيانى قىرغىنچىلىق ۋە قورقۇنۇچ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى، ئۇلار ھۇشيار- چاققان جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ، ھەر ياققا ئۇرۇش قىلىپ، بارمىغان يېرى قالمىدى. كىشىلەر تېخى ئۇلارنىڭ قەيەرلەگە بارىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بولالمىغان يېرى قالمىدى. ئۇلارنىڭ تېز- چەبدەسلىكى ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئۇلار دىنىي قائىدە- يوسۇن ۋە دەرىجە پەرقىگە قارىماي، يىغلاپ تۇرغان باللار ۋە ئەر- ئايال، قېرى- ياشلارغىمۇ رەھىم قىلمىغان ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلار يەنە ئۆلۈمگە

يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولغان». (تومپسىننىڭ ئەسىرىدىن نەقىل، 27 ـ بەت.)
بارمىغان يېرى قالمىغان زور تۈركۈم هونلار كىشىلەرنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولدى، مىلادى 409 ـ يىلى پاننونىيە يۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى ھەم ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇقەددەس جايىغا ئايلاندى. قارىماققا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ۋە كونىستانتىنو پولغا قارىتىلغان بىر قەدەر چوڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئەمەستەك بولسىمۇ، مىلادى 422 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە هۇنلارنىڭ ھەر يىلى 350 قاداق ئالتۇن تاپشۇرۇش تەلىپىگە ماقۇل بولغان. بۇ ئاتالمىش «سوۋغا» لار بالقان رايونىغا ئازراق تىنچلىق ئېلىپ كېلىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. ھونلار ئىتالىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئارىلىشىپ تۇرغان، بەلكى ئۇلار ئالقىشقا ئېرىشكەن ھۆكۈمەت ۋە ئاقسۆڭەك دۆلەتمەنلەر ھۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.
نۇرغۇنلىغان مۇھىم سىياسىئونلار ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ھۇنلارنى يېقىن مۇھاپىزەتچىسى قىلىپ

ياللىۋالغان. مەسىلەن: قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كونسۇلى روفىنوس ۋە ستىلكو بۈيۈك رىم گېنېرالى ئائېتئون قاتارلىقلار ھەمىشە ھۇنلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مىلادى 434 ـ يىلى شەرقىي ھۇنلارنىڭ خاقانى رۇگا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋە ھۇقۇقىغا ئىككى جىيەن ئوغلى بېلىدا بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئاتتىللا ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھونلار تارىخىدىكى يېڭى سەھىپە باشلانغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ كىشى مۇقەررەر ھالدا ھۇنلارنىڭ تىلى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەخمىن قىلىش تەتقىقاتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «ئاتىللا» دېگەن بۇ ئىسىم گوتلارنىڭ ئىسىم ئىكەنلىكى روشەن، مەيلى تۈركىي تىللار ياكى مۇڭغۇل تىلىدا بولسۇن ھەممىسىدە «R»ھەرپىنى سۆز بېشى قىلالمايدۇ، (مەسىلەن Rua) ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانمايدۇ. (مەسىلەن بېلىدا) بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىسمى ھەرگىزمۇ ئالتاي تىلى ئەمەس. دۇنيادا ھۇنلارنىڭ تىلىدا يېزىلغان ھېچقانداق يېزىق بېجىرىم ساقلىنىپ قالمىغان، لېكىن لاتىن يېزىقى ۋە يۇنان يېزىقىدىكى ئىپتىدائى ماتېرىياللاردىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى تۈركىي تىللار بويىچە

چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن زور كۆپچۈلۈك قىسمى
ئالتاي تىلىنى ئاساسىي نۇقتا قىلغان دېگەن پەرەزلىك
تەھلىل ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ
تىل قۇرۇلمىسىغا ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي
تىللىرىنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر تىلغا مەنسۇپ
ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى،
ھونلار مەدەنىيىتىنىڭ سىرتىدىكى كۆرۈنۈشكە قاراپ
ئومۇمەن بىر ئۇلارنى تۈرك ياكى مۇڭغۇللارغا مەنسۇپ
دەپ تونۇيمىز. لېكىن بىز ئاددىلاشتۇرۇپلا ھۇنلارنى
«تۈرك ـ مۇڭغۇل مىللىتى» دەپ ئاتىساق، ئۇ چاغدا بىز
ئېغىر ھالدا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىمىز. بۇنداق
دېيىشكە دەلىل ـ ئىسپات يېتەرسىز بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بىر ئىگىلىگەن
تىلشۇناسلىق بىلىملىرىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىمىز.
بېلدا بىلەن ئاتىللانىڭ بەنزىسى ھۇنلارنى ئادەتتىن
تاشقىرى ئالغا يېتەكلەيدىغان قوماندانلىقنى ئىگە
قىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى مۇتلەق
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىقى نەچچە ئون يىل
داۋاملاشقان. مىلادى 445 ـ يىلى ئاتىللار بېلدانى
قەستلەپ ئۆلتۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۆزى ئۆز خەلقىنىڭ

بىردىنبىر ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە مىلادى 453 ـيىلىنى ئاخىرىغىچە، يەنى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىز بىلىدىغان ئاتتىلانىڭ ھەمكارلىقى قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، لېكىن ئۇلارنىڭ يولغا قويغىنى ئۈچ مەنبەلىك ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئىقتىدارى ھەققىدە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمما بۇ خىل تۈزۈم ئوتتۇرا ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان. ئۇلارنىڭ ھوقۇقنى تەقسىم قىلىشى رايونلار چېگرىسىنى ئاساس قىلغان، باشقا بىر قىسمى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈمران بولغان. ئەگەر بىر نوقۇل ھالدا قىياس قىلساق، كىشىلەر شۇنى مۆلچەرلىيەلەيدۇكى، يۇقىرىقى پاكىتلار ھۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدۇر. ئاتتىلانىڭ چوڭ ئاكىسى بىلىدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قەدەر مۇھىم بولغان شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇڭا غەرب دۇنياسىنىڭ ئاتتىلا ھەققىدە

كۆرگەنلىرى بىر قەدەر كۆپ، شۇنداقلا ئۇ ئىككى
قېرىنداش ئىچىدىكى ئامان قالغىنى ھېسابلىنىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شۆھرىتى بىلىدادىن يۇقىرى. بېلىدا
ئاتىللانىڭ يېنىدا بولىسىمۇ، لېكىن سۇيقەستكە
ئۇچرىغان ئىنىسىنىڭ ئىشى ناھايىتى ئاز تىلغا
ئېلىنغان.
ئاتىللا بىلەن زاماندااش بولغان رىملىق پىرىسكاس
جۇددانىسنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن 35 - بەتتە
ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇ بارلىق مىللەتلەرنى
زىلزىلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا چۈشكەن ئادەم،
ئۇ دۇنيانىڭ بالايى ئاپىتى، ئۇنىڭ ھەققىدىكى
قورقۇنچلۇق رىۋايەت مەلۇم جەھەتتە ئىنسانلارنى ۋەھىمە
ئىچىگە غەرق قىلغان. ئۇ يول ماڭسا بېشىنى تىك
تۇتۇپ، چىڭ قەدەم تاشلايتتى، كۆز قارچۇغى ھەرياققا
تىكىلەتتى، تەكەببۇر قىياپىتى چىرايىدىن مەلۇم بولاتتى.
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇشخۇمار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ
ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايتتى.
ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا ئېھتىياجى
چۈشكەنلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشكەنلەرگە كەڭچىلىك قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى. ئۇنىڭ

بويى پاكار ئىدى، بېشى يوغان، ـ كۆكرىكى كەڭ، كۆزى كىچىك ساقال بۇرتى شالاڭ بولۇپ ئازراق كۇلرەڭ ئىدى. بۇرنى پاناق، تېرىسى قارامتۇل بولۇپ، ئۆز قان سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى» (مېرووۋ ئەسرى 102 ـ بەتتىن نەقىل.(

بېلىدا بىلەن ئاتىللا ئاكا ئۇك ئىككىسى هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانى سۈپىتىدە بىرلىشىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، خارابى ئىشلاردا ناهايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادى 435 ـ يىلى ئۇلارىسسيۇدوسىس پادىشاهىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئاتالمىش «مارگۇس شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، بۇ شەرتنامە مارگۇستا ئىمزالانغان (هازىرقى يۇگۇسلاۋىيىنىڭ دۇبرووۋىكا دېگە جايى)، مەزكۇر شەرتنامىدا مەزكۇر ئىمپېرىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) هەر يىلى هۇنلارغا 700 قاداق ئالتۇن خىراج تاپشۇرۇش شەرت. بەلكى هەر بىر قاچقۇن ئۈچۈن، مەيلى ئۇلار هۇن بولسۇن ياكى رىملىق قاچقۇنلار بولسۇن، هەر بىر ئادەم ئۈچۈن سەككىز تىللانى قايتۇرۇۋېلىش پۇلى ئورنىدا تاپشۇرۇش شەرت. بەزى سودا بازارلىرىدا هونلار رىملىقلارغا ئوخشاش تىجارەت قىلىش هوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ شەرتنامىدا

ئادەمنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان ئاجايىپ- غارايىپ ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

هونلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆرپ- ئادىتى بويىچە باشقىلار سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزگەندە ھامان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆزلىشەتتى. رىم ئەلچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا هونلار بىلەن شەرتنامە تۈزگەندە ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ هونلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەتتى. ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە رىم ئەلچىلىرى ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، هونلار ئىمكانقەدەر ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. «ماركوس شەرتنامىسى» غا ئەگىشىپ، ئۇلار ئاتىللارنىڭ باشچىلىقىدا ئاساسلىق خىللانغان كۈچىنى غەربىي فرونتقا سەرپ قىلدى. مىلادى 437- يىلى ئادىيوسنىڭ قۇترىتىشى بىلەن هونلار رېيىن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى مايىنز رايونىدىكى بۇگاندارلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلغان. بۇ قېتىمقى بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان تۇيۇقسىز هۇجۇمدا بۇرگاندىيانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك يوقىتىلغان. بۇ ئىنتايىن چوڭ

بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ۋەقە گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر داستانى «نىبولونگىن ناخشىسى» نى ئىنتايىن مول تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئەمەلىيەتتە XIII ئەسىردىكى بىر ئەسەر ھېسابلانغان «نىبولۇنگىن ناخشىسى» خېلى بۇرۇنقى داستانلارنىڭ روھىنى قوبۇل قىلىپ، شىمالنىڭ خېلى كۆپ داستانلىرىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئاتىللادىن ئىبارەت بۇ شەخس قەدىمكى ئىسلاندىيىنىڭ ئەپسانە داستانى «ئىددا» دا تىلغا ئېلىنغان. يەنى ساكسىن- گراماتىكىس دەۋرىدىكى دانىيە تارىخىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇندىن ئىبارەت .

تەخمىنەن مىلادى 433- يىلىدىن باشلاپ ھونلار قوشۇنى گائۇل رايونىدا بىر قانچە تۈمەن- ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانلىق مۇلازىمىتىدا بولدى. مىلادى 437- يىلى ئۇلار باگائودالانى مەغلۇب قىلىش ۋەقەسىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ نامرات- قالاق مىللەت مىلادى 435- يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى. مىلادى 439- يىلى ھونلار گېنېرال ئاتىيۇسنىڭ كانۇۋىيى لىتوردىئۇسنىڭ

قوماندانلىقىدا توئۇلۇئۇس شەھىرىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ۋىسگوت پادىشاھى تېئودېرىك I نىڭ مەركىزى شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا تېئودېرىكنىڭ قايتارما ھۇجۇمى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن، ھۇن قوشۇنى ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولغان. شۇ يىلى ۋاندالىسلار شىمالىي ئافرىقىدىكى گارتخاك رايونىنى ئىشغال قىلغان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۇلارنى دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىتالىيىدە قورۇقلۇقتا چىقىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ گائول رايونىدىكى گېنىرال ئايۇسنى قايتۇرۇپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتا غەربىي رىم رايونى تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. نېيردىگارد II نىڭ قوشۇنىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان پېرسىيە قوشۇنى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرمىنىيە ئۆلكىسىگە قويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. سادىر بولغان بۇ بىر يۈرۈش ۋەقەلەر ئاتتىللارغا ئومۇميۈزلۈك مەلۇم قىلىندى. ئۇ بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادى 441 - يىلى چەكلىك ھەربىي كۈچى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىلادى 443 - يىلىدىن مىلادى 447 - يىلىغىچە بولغان بىر يۈرۈش ستراتېگىيىلىك ھەرىكەت نەتىجىسىدە ئاتتىللا

ھۇنلارنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىي
ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ھۇنلارنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ھەربىي
ھەرىكەت پىلانى قارىماققا باشقا غەرەزدە ئەمەس، بەلكى
رىملىقلاردىن تېخىمۇ كۆپرەك ئالتۇن ۋە باشقا ماددىي
مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىشنى كۆزلىگەندەك قىلىدۇ.
ھالىدىن كەتكەن رىم ئىمپېرىيىسى ئاخىرقى ھېسابتا
مىلادى 443 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق
ئۈرۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە ھونلار بىلەن تىنچلىق
شەرتنامىسى تۈزگەن. بۇ شەرتنامىدە رىم ئىمپېرىيىسى
ھەر يىلى 2100 قاداق ئولپان تاپشۇرىدۇ، دەپ
بەلگىلىگەن. بۇ سان رىم ئىمپېرىيىسى «مارگۇس
شەرتنامىسى» دا ھۇنلارغا تاپشۇرىدىغان ئولپاننىڭ ئۈچ
ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ.
چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، رىم
خانى تىنچلىق شەرتنامىسىدىكى ماددىلارنى
ئامالسىزلىقتىن ئىجرا قىلغانىدى. قاتتىق قانۇنى
بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ھونلار رىم
ئىمپىرىيىسىگە قوزغىغان ھۇجۇمنى ئاقلاشقا تامامەن
ھەقلىق ئىدى. چۈنكى رىم ئىمپېرىيىسى تىنچلىق
شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن ماددىلارغا قاتتىق ئەمەل

قىلمىغانىدى.
مۇشۇ نوقتىغا ئاساسلانغاندا ۋىرزانتىيە ئەلچىخانىسى يېزىلغان خاتىرىنى ئاتىللارغا تاپشۇردى. مەزكۇر خاتىرىنىڭ ئۆزى گەرچە ئىلگىرى ۋە كېيىن سادىر بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئانچە مۇھىم ئەمەستەك قىلسىمۇ لېكىن پىرىسكوسنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى قالتىس تەسۋىرلەرنى ئۈنتۈپ قېلىشى تەس. مەزكۇر ئەلچىخانا مائىمنوس ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدە هون ئېدىكو ۋە تەرجىمان بىگىلاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا مىلادى 448 ـ يىلى ياكى 449 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئەلچىخانىدىكى بارلىق خادىملار ئىچىدە پەقەت مائىمنۇس ۋە بىكىلاسلا ئېدىكونى كونىستانتىنو پولدا قىسقا ۋاقىت تۇرغاندا نۇپۇزلۇق هەم ئاغىسى كىرساپىئۇس سىتىۋالماقچى بولغان، هەم ئۇنى ئاتتىللانىڭ ئوردىسىغا قايتقاندىن كېيىن ئاتتىللانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش هەرىكىتىنى ئۈيۈشتۈرۈشقا كۈشكۈرتمەكچى بولغان. ئېدىكو ئۆز خوجايىنىنىڭ مۇددىئاسىغا خائىنلىق قىلمىغان، لېكىن ئۇنىڭ خائىنلىق ئوبرازىنى يارىتىشى كىشىلەرنى قايىل قىلغان.
رىملىقلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق هالدا ئاتتىلارنى قەستلەپ

ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى بىر تىنچلىق شەرتنامىسى مىلادى 450 - يىلى ئەتىيازدا سېئۇدىيۇس ۋاپات بولۇشتىن سەل بۇرۇن هونلار بىلەن ۋىزانتىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلدى. بۇ شەرتنامىنىڭ بىر قەدەر يۇمشاق شەرتلەر بويىچە تۈزۈلىشى ئېھتىمال ئاتتىللانىڭ كۆچىنى توپلاپ ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ۋەهالەنكى، سىئودىيۇسنىڭ ئۆلۈمى ئويلىمىغان قېيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى خانى ماركىئان هۇنلارغا قارىتا قاتتىق قوللۇق لۇشيەن-سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ دەرهال هۇنلارغا دەۋاملىق ئولپان تاپشۇرۇشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتتىلانىڭ ۋىزانتىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياي تەرىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىد مەغلۇب بولدى. ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە هۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ياكى تېزدىن ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ دېگەننى قارار قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ بۇ ئىككى خىل لايىھەنىڭ ئاخىرقى بىر خىلىنى

تاللىۋالدى ھەم مىلادى 451 يىلىنى   ئالدىنقى مەزگىلىدە كۆلىمى مىسلىسىز چوڭ بولغان بىر مەيدان غەربىي قىسىم ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتى تۇلۇس (ھازىرقى فرانسىيىدىكى بىر جاي) نى مەركەز قىلغان سىيۇدىلىكىنىڭ ۋىسگوت ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىش دەپ ئاشكارا جاكارلىدى. ئەمما تۇلۇسقا بېرىش ئۈچۈن گائۇل رايونىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما ئاتتىللانىڭ غەيرىي خارجى ستراتېگىيىسى مۆجىزە ياراتتى. كۆپ تىللاردىن بۇيان چىقىشالماي كەلگەن ۋىسگوتلار بىلەن ئاتىيۇس باشچىلىقىدىكى رىملىقلار ئىتتىپاق تۈزدى.

ئاتتىللارنىڭ قوشۇنى ھونلار، گېرمانلار ۋە گائۇلدىكى خاتىرجەمسىزلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن جىددىي كۆپەيگەن قوشۇندىن تۈزۈلگەن ئارىلاشما قوشۇن بولۇپ، ئۇلار مىلادى 451- يىلى ئەتىيازدا رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 7- ئايدا ئورلىئان رايونىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە پەيدا بولغان. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھۇنلارنىڭ گائۇل رايونىغا قارىتا قوزغىغان ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا نۇپۇزلۇق تەتقىقاتقا ئېرىشەلمىدى. قارىماققا، ھۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا مۇقەرەر ھالدا زور كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىلگەندەك

قىلدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ھونلار پارىژ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان نۇرغۇن شەھەرلەردىن چەتنەپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ سەپىرى ئىنتايىن ئاستا بولغان، ئاتتىللارنىڭ گائۇل رايونىغا قوزغىغان ئۇرۇشى كېيىنچە موڭغۇللار قوزغىغان ئۇرۇش ۋە ۋېنگىرىيىلىكلەر فرانسىيىگە قارىتا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزدىن ئىبارەت چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشلارغا ئوخشاش چاقماق تېزلىكىدە زەربە بېرىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولالمىغان، شەك ش□بھىسىزكى، ئاتتىللارنىڭ ئورلېئان رايونىنى ئىشغال قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب كۈچى يەتمىگەنلىكىنى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك. ئەمما ئۇنىڭ مۇداپىئەلەنگەن شەھەرلەردىن ئەگىپ ئۆتمەيلا تۇئولېئوس شەھىرىگە قارىتىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرغانلىقى تېخىچە چۈشەندۈرۈلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاتتىللا ئەسلىدىكى يولى بىلەن تىروېس يېنىدىكى رايونلارغا قايتىپ بېرىپ، رىملىقلار بىلەن ۋىسگوتلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇنغا تاقابىل تۇرغان. شۇنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا بولغان ئۇرۇش تارىختا «كاتالائۇنىئان تۈزلەڭلىكىدىكى ئۇرۇش» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇرۇشنى

جۇددانىس مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇ ئۇرۇش قەدىمدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىر باتۇر ئەگەر بۇنداق ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا، ئۇ ئۆمۈر بويى بۇنداق ھەيۋەتلىك جەڭنى يەنە كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئەگەر بىز ئەجدادلارنىڭ بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىگە ئىشەنسەك، ئۇ چاغدا بۇ تۇزلەڭلىكنىڭ يەر باغرىدا ئاققان دەريا ، قۇربان بولغان قوماندان

‿جەڭچىلەرنى قانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ دەيا ئېقىنى جىددىي ھالدا كۆپەيگە بولۇشى تەبىئىي». سيودرىك مۇشۇ جەڭدە بەختىكە قارشى قۇربان بولغان. ئاتتىللامۇ مۇشۇ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ تەييارلىنىپ قويغانىدى. نوقۇل ھەربىي ئىشلار نوقتىسىدىن قارىغاندا، غەلبە رىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى تەرەپتە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئاتىيۇس بۇ ياۋايى مىللەت بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بېرىلىپ كەتمىدى ھەم ئاتتىللانىڭ چېكىنىشىگە يول قويدى.

بۇ قېتىمكى ئۇرۇشتا ئاتتىللا مەغلۇب بولغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇنىڭ كۆچى تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل گۇمران بولمىغانىدى. مىلادى 452 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ، باشقا بىر قېتىملىق زور ئۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانىدى، بۇ نۆۋەت ئۇ باشلىغان قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۇدۇل مىلانو (هازىرقى ئىتالىيىنىڭ مىران شەهىرى) رايونىغا يېتىپ باردى. هازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاتتىلانىڭ ئۆزىگە خاس كېڭەيمىچىلىكى هەددىن زىيادە بولۇپ كەتكەنىدى. ئاتتىللانىڭ ئۆزىگە خاس كېڭەيمىچىلىكى هەددىدىن زىيادە بولۇپ، كەتكەنىدى. ئاتتىللا ئىتالىيىدە تۇرىۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ ئائىلىسى مارسىئان قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز هوجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، ئۇ ئىتالىيىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇرى بولدى. ئاتتىللا مىلادى 453 ـ يىلى ئىتالىيىدىن قايتىش سەپىرىدە مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ۋاپات بولغان.

بىز ئىگىلىگەن ئاتتىللانىڭ دەپنە مۇرىسىمىغا ئائىت تەپسىلىي تەسۋىرلەش ماتېرىياللىرىدىن ئوتتۇرا ياۋروپا ـ ئاسىيالىقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. قارىماققا شۇنى شەك ـ شۈبهىزكى، هۇنلارغا مەنسۇپ

ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار بۇ تەسەۋۋۇرنى
ئىسپاتلايدۇ، يەنى ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۇتتۇرا
ياۋرۇپا ـ ئاسىيا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت. يەنە شۇنىمۇ
مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ياۋرۇپا ـ
ئاسىيالىقلارنىڭ تەركىبى هۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە
ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىڭىشىپ كەتتى. ۋەهالەنكى،
ئاتتىللانىڭ سىياسىي مەقسىتى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك
مەدھىيلەپ كېلىۋاتقان چېڭگىزخاننىڭ زېمىنىسىگە
ئالغان يۈكى ۋە قارا نىيىتىگە قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا ئاتىللانىڭ هەربىي ئىشلار بويىچە تالانت
ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلەر ناهايىتى
ئاز ئىدى. ئۇنىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش
ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىلىرى تۈرك ـ مۇڭغۇل
شەكلىدە بولماستىن، بەلكى گېرمانچە شەكىللەرگە
ئوخشاپ كېتىدۇ.
ئاتتىللا ئىمپېرىيىسىنىڭ قورۇلۇشى قىسقا ۋاقىتلىق
بولۇپ، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشى ئاتتىللا ئۆلگەندىن كېيىن
ۋە گېپىدىنىڭ تۈيۈقسىز هۇجۇمىدىن كېيىنلا
باشلانغانىدى. ياكى تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا،
گېپىدىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە هۇنلارنىڭ

بانـونـيـدىكى ھۆكـۇمـرانـلـىقـىنى ئاخـىرلاشتۇردى. مـىلادى 445ـ يـىلـىغ  كـەلـگـەنـدە قـەدىـمكى رىـمـنـىڭ بۇ ئۆلكـىسـىگـە ياۋايى مـىـلـلـەت ھۆكـۇمـرانـلـىق قـىلالمايدىغان بولدى. ھونـلار شـەرقـي رىـم ئـىـمـپـېـرىـيـىسى بـىلـەن غـەربـي رىـم ئـىـمـپـېـرىـيـسى قوشۇنـىدا داۋامـلـىق خـىـزمـەت قـىلـىشـۋەردى. ھەم ئـىلـگـىرى بـىر مـەھـەل ھۆكـۇمـرانـلـىق ئـورنـىدا تۇرغان بـىر ئـىرق گـورۇھـىـنـىڭ ئـەۋلادلـىرى يـېـڭـى ئـوتـتـۇرا ياۋرۇپا ئاسـىي  فـىـدـىراتـىـسـيـسـنـىڭ سـىـياسـي گـەۋدىسـى تـەرىـپـىدىـن ئاسـمـىلاتـىـسـيـە قـىـلـىـنـدى ۋە قـوشـۇلـۇپ كـەتـتـى. مانا بۇ

ھۇنلارغا ئائـىت ئاجايـىپ غارايى  ھېكايـىلـەرنـىڭ كـىشـىلـەرنـىڭ ئـىـسـدە نـېـمـە ئۈچـۈن ئۇزاققـىچـە ساقـلـىـنـىپ قالغانلـىقـىنى چۈشـەنـدۈرۈپ بـېرىـدۇ. ئۇلار تارىـخ دەرسـلـىكـىدە مـەۋجـۇت بولۇپلا قالماسـتـىن، بـەلكى ۋېـنـگـرىـيـىـنـىڭ تـارىـخـتـا يـېـزىـپ قالدۇرۇلـمـىغان رىـۋايـەتـلـىرىـدە هازىـرغـىچـە ساقـلـىـنـىپ كـەلـمـەكتـە .


پايدىلانغان مۇنـاسـىۋەتـلـىك كـىـتـابـلار:


ھۇنـلارغا مۇنـاسـىۋەتـلـىك ئۇقـۇشـقا ئەرزىـيدىغان ماتـېرىـياللار خـېـلى كـۆپ. جـوردانـىـسـنـىڭ بارلـىق نـەقـىـلـلـىرى


چارلىز كرىستوفىنىڭ «جوردانىس قەلىمى ئاستىدىكى گوت ئىمپېرىيىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان. پروسستون داشۆسى نەشرىياتى 1915 ـ يىل 1 ـ سان نەشرى. بارنىس ۋە نوبلى 1960 ـ يىل 2 ـ نەشرى.
غەربىي ھونلار ھەققىدە يېزىلغان ھازىرقى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر A.E تومپسۇن يازغان «ئاتتىلا ۋە ھونلار تارىخى» دىن ئىبارەت، ئوكسفورت داشۆسى 1948 ـ يىل نەشرى. ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردىكى كۆپ سانلىق بىۋاستە ئېلىنغان نەقىللەرنى D.C گوردون يازغان: «ئاتتىللا دەۋرى»، «مىلادى V ئەسىردىكى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ۋە كۆچمەن مىللەت» (ئا ن. گاربور 1966 ـ يىل ئاددىي مۇقاۋىلىق نەشرى) دىن تېپىشقا بولىدۇ.

مۇبادا ھۇنلارنىڭ تارىخى بىر قانچە پارچە ماقالە بىلەنلا بايان قىلىنغان بولسا، ئۇ چاغدا كېيىنكى رىم ئىمپېرىيىسى ياكى ۋىزانتىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ تارىخى مۇكەممەل تارىخ بولماي قالاتتى B.J .بۆرە يازغان «سيودۇس I دىن جوستىنئان ئۆلگەندىن كېيىن رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تارىخى»

كىشىلەر تەرىپىدىن مۇشۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلىندى. (نيۇ ـ يورك. دەۋر نەشرىياتى، 1958 ـ يىل.)
سىنورنىڭ «باشلانغۇچ ساۋات»ناملىق كىتابىنىڭ 261 ـ بېتىدىن 265 ـ بېتىغىچە چوڭقۇرلاپ ئوقىسا، بەزى خەتلىرىدىن ئېلىنغان نەقىل مۇشۇ تېزىستىن پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە قىزىقارلىق بولاتتى. مەسىلەن O. :مائېنسېن ـ خېلفېن يازغان «يالغان ـ هونلار»، ئوتتۇرا ژۇرنىلى 1 ـ سان 1955 ـ يىل نەشرى، 101 ـ 106 ـ بەتلەر.
ل. خارماتتا يازغان «هۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىتىلىشى» 1 ـ سان، «تەتقىقات ئورنى. 2 ـ سان 1952 ـ يىلى نەشرى، 277 ـ 304 ـ بەتلەر.
ئوتومائېنسېن خېلفي يازغان «ياۋرۇپا هۇنلىرى بىلەن هونلار» ۋىزانتىيە 1944 ـ يىلى نەشرى.
بۇ يازمىنى "ئەپچىن" توردىن "گۈل قىز"نىڭ تىمىسىدىن كۆچۈرىلدى!


PICTS
JUTES
ROMANIZED CELTS
SAXONS
FRANKS
CHALONS
VISIGOTHS
BURGUNDIANS
ALANS
OSTROGOTHS
SEUVEI
WESTERN EMPIRE
HUNNIC EMPIRE
at it greatest extent
453 AD
ARMENIA
PERSIAN EMPIRE
EASTERN EMPIRE
VANDALS
ARABS


Ugrs
SARMATIA
ca. 3 c. BC-106 AD
Kipchaks
Tungus
Otuken
Khakasses
Horezm
Kyanguy
Beshbalik
HUNS
204 BC-216 AD
Chaosyan
Western Stan
Cheshi
Turfan
Wusun
132 BC
Davan
Kucha
Uedji
Fergana
Kusun
162 BC
GANSU
Kashgar
Badi
Dunhuang
Wusun
Balkh
Greco-Bactrian kingdoms
Indo-Greek kingdoms
Dardy
TIBET
CHAINA
CHIN
247 BC-9 AD
Man
Yuz
Central Asia ca. 135 BC
(Chjan Syan data)


HUN EMPIRE
AVARS
MAGYARS
BULGARS
SCYTHIA
KHAZARS
TURKS
MONGOLS
HUN EMPIRE
CHORASMIA
SUMER
PARTHIAN EMPIRE
KUSHAN EMPIRE

